# يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش

(بېشى 2 ـ بەتتە)

زېمىننى باھار تىنىسى قاپلاپ، ھەممە مەۋجۇدات ئويغاندى.

«قايتا قوزغىتىلغان» ۋۇخەن يېڭى ئۈمىدنى كۈتۈۋالماقتا.

شەھەر قاتنىشى يۈرۈشتۈرۈلدى، باغچە، مەنزىرە رايونلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىۋېتىلدى؛ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ۋۇخەن) دائىملاشقان تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى... توققۇز ئۆلكە تۇتاشقان جاي، ئوتتۇرا قىسىمدىكى سانائەت چوڭ شەھىرى تېز ئويغىنىپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەر زەنجىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ۋۇخەن «قامال بىكار قىلىنغان» ئاشۇ كۈنى، 2020 ـ يىللىق تۇنجى مەيدان «بۇلۇت سودىگەر چاقىرىش»نى كۈتۈۋالدى.

شۇ كۈنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق، بىيو تېبابەت دورا، پۇل مۇئامىلە ـ سۇغۇرتا، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان 69 تۈردە كېلىشىم ئىمزالىنىپ، ئومۇمىي سوممىسى 245 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 11 باش ئىشتاب تۈرى ۋۇخەنگە ماكانلاشتى.

جيەنجياڭ كىچىك راكىسى، زىگۈيچېڭى، يىڭشەن يۇنۇۋ چېيى... يەرلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى ھۆكۈمەتلەر خۇبېينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەرقايسى چوڭ مەركىز تاراتقۇلىرى توردا «مال تونۇشتۇرۇپ»، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بەس ـ بەستە «قول تۇتۇشۇپ»، «خۇبېي ماللىرى»نى زاكاز قىلىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغىدى.

پۈتۈن مەملىكەت ۋۇخەنگە مەدەت بەردى، ۋۇخەنمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە كۈچ قوشتى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شاڭچيۇ ـ خېفېي ـ خاڭجوۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ خېفېيدىن خۇجوغىچە بولغان بۆلىكىدە ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتنى ئۆلچەش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى.

سۈرئەت ئىستىرېلكىسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، سائەتلىك سۈرئىتى 385 كىلومېتىرلىق سىناق نىشان قىممىتىگىچە ماڭدى، سۈرئەت تۆۋەنلىمىگەن ئەھۋالدا يۇشخې دەرياسى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، دۇنيادىكى 300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول كۆۋرۈكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يۈرۈش سۈرئىتىنى ياراتتى.

بۇ چاغدا، 400 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋۇخەندە، جۇڭگو تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تۆمۈريول 4 ـ چارلاش ـ لايىھەلەش يۈرتى لىنىيە بېكىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى لى چيۈيى كومپيۇتېر ئېكرانىدا ھەر ۋاقىت يوللىنىپ كەلگەن رېلىسنىڭ تۈرلۈك سانلىق قىممەتلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

«گەرچە نەق مەيدانغا بېرىش قولايسىز بولسىمۇ، لېكىن بىز يۇشخې دەرياسى پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈكى ئۈچۈن رېلىس ھالىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى ياسىدۇق، بۇ ‹ئۆتكۈر كۆز› بولغاچقا، لايىھەلىگۈچى خادىملار ۋۇخەن باش ئىشتابىدا تۇرۇپلا ھەر ۋاقىت نازارەت قىلالايدۇ» دېدى ئۇ.

جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە كەلگەندە، خۇبېي پۈتۈن ئۆلكىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى، ئىش ئورنىغا قايتىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 98.2%، 93%كە يەتتى. ئومۇمىي جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يېقىنلىشىپ، ئاساسىي جەھەتتىن نورمال سەۋىيەگە يەتتى.

بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان خۇبېي بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى تەدرىجىي نورماللاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى
# سانائەت ئىقتىسادى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز كارخانىلىرى، تايانچ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ «بىرگە بىر» ئالاقىلىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش قاتارلىق 30 مەسىلىنى نەق مەيداندا ياردەم قىلىپ ھەل قىلىپ بەردى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئۇچۇرىنى ئالدىن ئېلان قىلىپ، 8806 ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ بەردى؛ «كارخانا مىكرو دەرسى» توردا تەربىيەلەش سۇپىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 1000غا يېقىن كارخانىغا قاراتا توردا تەربىيەلەش ئېلىپ باردى ھەم شىنجاڭغا كىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش مەسىلىسىدىن 320دىن ئارتۇقنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بەردى.

1 ـ پەسلىدە، سانائەتتىكى 41 ساھە چوڭ تۈردە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تەمىنلەش كەسپى، كۆمۈر قېزىش ۋە يۇيۇش ـ تاللاش كەسپى، مېتاللوئىد مىنېرال بۇيۇملار كەسپى، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپى قاتارلىق ئون ساھەدە ئېشىش ئىشقا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كان ئېچىش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.7% ئاشتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ھەم سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19% ئاشتى.

ئېغىر سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى ئاشتى. ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ، 2 ـ ئايدىكىدىن 1.8 پىرسەنت پوئىنت ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى.

نېفىت سانائىتىدىن باشقىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى نېفىت سانائىتىنىڭكىدىن ياخشى بولدى. نېفىت سانائىتىدىن باشقىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.2% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پوئىنت ئېشىپ، نېفىت سانائىتىنىڭكىدىن 2.5 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

نېفىت سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6.7% ئاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى لىۋ شەنجيۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ تەدبىرلەر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى بېجىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يېشىل مۇلازىمەت يولىنى ئېچىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىش، كۆپ تەرەپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پاتېنت ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتكە ئاساسەن، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا قارىتىلغان پاتېنت ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىنى توپلاش ۋە تەشۋىق قىلىش ـ تەربىيەلەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى ھەم بانكىلارنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدىغان «شىنجاڭنى بىلگۈچى» مەخسۇس تۈر پۇل مۇئامىلە كەسپىنى تەسىس قىلىشىنى ماسلاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يەنە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە تەربىيەلەش، مەسلىھەت بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، خەۋپ ـ خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش، پاتېنت يول باشلاش مۇلازىمىتى قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقىرى قىممەتلىك پاتېنت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك كۈرسلۇق ماركىنى پائال قېزىپ، يېتىشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مەدەت بەردى.

قاراماي بودا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراش پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چىن خەيجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر، بىز كارخانا ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئاچقان ئۈچ قوللىنىشچان يېڭى تىپتىكى پاتېنت ئارقىلىق، بانكىدىن 35 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان كارخانا تەرەققىياتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدۇق. مۇھىت ئاسراش ساھەسىدىكى پۇقراۋى كارخانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتقا يېتەرلىك غەيرىتىمىز بار».

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2017 ـ يىلدىن بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 30دىن ئارتۇق كارخانا 100گە يېقىن پاتېنت ھوقۇقىنى رەنگە قويۇش ئارقىلىق بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 1 مىليارد 470 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرگەن. پاتېنتقا تايىنىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات مەبلىغىگە ئېرىشىشتىكى يېڭى يول بولۇپ قالغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسىپلىرى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كۈچلۈك ھەرىكەتتى، ئەمەلىي ئىستىلى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى سۇبىيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىشى، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش، دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىدىغان تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىدىكى ھەرقايسى ھالقىلار ماسلىشىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بالدۇر قۇرۇپ چىقىش، بالدۇر مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، بالدۇر قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ يادرولۇق ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ سىجىل تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە سىجىل كۈچەش كېرەك. كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، خادىملارنى تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، كەسىپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سىياسەت جەھەتتە يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك يۆلەش سىياسىتىدىن ياخشى، تولۇق، جانلىق پايدىلىنىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ تىرەكلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر نامرات نوپۇسنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پائال ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە كارخانىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تېخىمۇ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسىپلىرى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەم كەسىپلەر تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن جاۋ چۇڭجيۇ، جاۋ چىڭ، ۋەن خەيچۈەن، ياۋ شىنمىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى خېڭدا مەدەنىيەت ـ ساياھەت ـ ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش شەھەرچىسىنىڭ تۈر قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، شۆھرەت زاكىر تۈر يىرىك پىلانى لايىھەسى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى ھەم تۈر لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن مەسئۇلى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۈر قۇرۇلۇشى قىلغۇچى ئورۇنلاردىن ئەۋزەل بايلىقتىن پايدىلىنىپ، ساغلاملىق، كۈتۈنۈش كەسىپ سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش، ساياھەت، تۇرالغۇ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش كەسپىنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن، ئىنچىكىلەشكەن تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ساغلاملىق مۇلازىمىتى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىدىغان، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان تۇتقا، تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي گەۋدە ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش يولى. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى نىشانلاپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن زەنجىرسىمان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىنى، ئۈنۈمگە يېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، جاڭ چۈنلىن، خېڭدا گۇرۇھى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى شۇ جيايىن قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر بازارلىرىنى پائال ئورۇنلاشتۇردى. جۇڭگو ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى فېڭ جىڭيۈەن مۇنداق بىلدۈردى: ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى چەت ئەلگە چېتىشلىق كېپىللىك خېتى كەسپىدە ئۇدا كۆپ يىل بىرقەدەر تېز ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، كەسكەن كېپىللىك خېتىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، كەسپ «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى ئوندىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننى قاپلاپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ تۈرلەرنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئىناۋەت تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

قەشقەر ۋە قورغاس شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىككى جاينىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، ھازىر ئىككى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدا جەمئىي بانكا سۇغۇرتا ئاپپاراتىدىن 17سى بار. 1 ـ پەسلىدە، بانكىچىلىق كەسپى قەشقەر، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ھەم ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا 25 تۈر قۇرۇلۇشنى قوللىدى، قەرز پۇل ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 27.1% ئاشتى.

شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لىيىيەن مۇنداق دېدى: 1 ـ پەسلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بانكىچىلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ «بەش چوڭ مەركەز» «ئۈچ بازا، ئۈچ يول» قۇرۇلۇشىدىكى 1529 تۈرنى قوللاپ، ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قالدۇقى 398 مىليارد 415 مىليون يۈەن بولدى؛ سۇغۇرتا كەسپى يادرولۇق رايوننى جەمئىي 97 مىليارد 676 مىليون يۈەن خەۋپ ـ خەتەر كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.